# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 12 - ئاي
8
يەكشەنبە
维吾尔文 12 月8日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24903 - سان بۈگۈن 8 بەت

## «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىش رەزىل نىيەتنى يوشۇرالمايدۇ

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئامېرىكا تەرەپ يېقىندا يەنە كونا نەيرەڭنى ئىشلىتىپ، دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىدا ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلۈۋاتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتقا پىسەنت قىلماي، «كىشىلىك ھوقۇق»نى قوغداشنى دەستەك قىلىپ شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى بۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### چېن چۈەنگو شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش كومىتېتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك

**شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى**

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگۈي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن چۈەنگو شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئۆگىنىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش قايتىما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆز قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشتا ئەمەلىيەتتىن تونۇشقىچە تارىخىي خاراكتېرلىك، بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشتا تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، تارىخىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۈتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## تېررورىزمغا قەتئىي زەربە بەرگەنلىك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگەنلىكتۇر

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا خالىغانچە بوھتان چاپلاپ ۋە ئۇنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىنى ھە دەپ بۇرمىلىدى ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ھەدەپ قوش ئۆلچەمنى قوللىنىشتەك بۇ خىل قىلمىش جۇڭگو خەلقى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. بۇ خىل ساختا ئەپت - بەشرە، زومىگەر ماھىيەتكە كىشىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ، ئىلگىرى تېررورىزم، ئەسەبىيزىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما شۇنى چوڭقۇر بىلدۇكى: تېررورىزم، ئەسەبىيزىمگە قەتئىي زەربە بەرگەنلىك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگەنلىكتۇر.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يامرىشىنىڭ تەسىرىدە، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىننى دەستەك قىلىپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھە دەپ تارقىتىپ، ئاممىنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇشقا قايمۇقتۇردى، قۇترىتىپ. 1990 - يىلىدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئامېرىكىنىڭ تۆھمەت قىلىشى، قارا چاپلىشى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىردەك مۇنداق بىلدۈردى ——

## غەزەپنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش قىلمىشىغا شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ! بىرقانچە كۈندىن بۇيان، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما غەزەپلىنىش، لەنەت ئوقۇش بىلەن بىللە، بىر نىيەتتە كۈرەش قىلىپ، گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇشتەك قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى: ھەر خىل كاشىلا، بۇزغۇنچىلىقلار بىزنى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ، ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئۈزلۈكسىز گۈللىنىشى، مۇقىملىقنى توسۇيالمايدۇ! بىز غەزەپنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، داۋاملىق تۈردە شىنجاڭنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياخشى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيىتى ئىناق بولغان پاكىتى ئارقىلىق تۆھمەت قىلغۇچىلارغا، قارا چاپلىغۇچىلارغا ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىمىز.

**ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، بوھتان چاپلاش شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ئالغا ئىلگىرىلىشىنى يوقا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش تەپتىش مەتتۇرسۇن تۇردىمەمەت مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكا ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا يامان غەرەزدە تۆھمەت قىلدى ۋە ئۇنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، بۇ خىل پاكىتقا كۆز يۇمۇش، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش قىلمىشى جۇڭگو خەلقى، بولۇپمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. ئاياغىنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ئاياغ كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ. شىنجاڭ ھازىر كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى، بۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئاممىسى بۇ ھەقتە بىۋاستە تەسراتقا ئىگە. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياخشى باشقۇرۇپ، قولنى باشقىلارنىڭ ئىشىغا سوزماسلىقنى ئۈمىد قىلىمىز.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئۆزى رەزىللىككە تولغان تۇرۇپ، قانداقمۇ باشقىلارنى ئەيىبلەشتىن سۆز ئاچالىسۇن؟

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى يېقىندا ماقۇللىغان «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى، ئۇ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن تولغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق مەسىلىلەردىكى قوش ئۆلچىمىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ ساختىلىقى ۋە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى.

كىشىلىك ھوقۇق ئالدى بىلەن ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى، ئەگەر بىخەتەر، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى بولمىسا، كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلەندۈرۈش تەسكە توختايدۇ، باشقا ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىر مەزگىلدە، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى كۆپ يۈزبېرىپ، ئۆزلۈكسىز يۈزبېرىپ، ھەر مىللەت خەلققە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئاپەتكە قارىتا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلىش كۈچلۈك سادالىرىغا قارىتا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر يۈرۈش تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» قارارى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «زوراۋانلىق، ئەسەبىيزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى»غا ئاۋاز قوشۇپ ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شۇ جاينىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بۇ تىرىشچانلىقلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۇسالغۇ بولۇۋاتقان زەھەرلىك ئۆسمىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپلا قالماي، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ مۇھىم تۆھپە قوشتى، پايدىلىق تەجرىبىلەرنى توپلىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئىمزالىق ماقالىسى:

**«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» تېررورىزم بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ**

نۇر گېزىتى ئىمزالىق ماقالىسى:

**تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا «قوش ئۆلچەم»دە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇش ئەڭ ئاخىردا ئۆز بېشىغا چىقىدۇ**

2 - بەتتە

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپا يىغىنى ئاچتى

## «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى باشتىن - ئاخىر مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ،

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

### لى پېڭشىن تارباغاتاي، ئالتاي، قارامايدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇقىملىق، تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي ناھىيەسى، تولى ناھىيەسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ جېمىنەي ناھىيەسى، قاراماي شەھىرىگە بېرىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش،

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

## پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى **گۈلشات ئابدۇقادىر**

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو تەرەپنىڭ كەسكىن سۆزلىشىشى ۋە كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، بۇرمىلاپ، ئويدۇرۇپ چىقىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرى ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ئوچۇق - ئاشكارا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## شىنجاڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ شادلىق باغچىسى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس **مۇتەللىپ ئوبۇل**

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە قانۇن بويىچە قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە كەلسە - كەلمەس قول تىقتى، خالىغانچە بوھتان چاپلىدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئورۇنسىز ئەيىبلەپ ۋە ئۇنىڭغا خالىغانچە قارا چاپلاپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن.

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

## ئامېرىكىنىڭ «قوش ئۆلچەمدىكى كىشىلىك ھوقۇقى» تېررورىزمغا يانتاياق بولغانلىق

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس **ئىلھام سابىر**

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» يالغانچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ھە دەپ قارا چاپلاپ، يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئوچۇق - ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا بەتبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. بىر جۇڭگو پۇقراسى،

(ئاخىرى 5 - بەتتە)